


# قالتىس يۆگىمە رەسىمگە ئۈمىدنى پۈتۈش

## —— مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتىنىڭ تەشكىللەش، يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى توغرىسىدا

□ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن

شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ئەلا نەتىجە يارىتىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، سىجىل كۈچەپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئۈنۈملۈك بولغان بىر قاتار نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جاي — قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يوپۇرغا، مەكىت قاتارلىق تۆت ناھىيەسىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نۇرغۇن نامرات ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

### كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىش

ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلاردا يىلتىز تارتىپ، «ئىرادە»نى يېتىلدۈرۈش

مەرھابا ئۇرايىم كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېڭىشەھەر ناھىيەسى رۇيى پەن ـ تېخنىكا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىگە كىرىپ كۆك ياقىلىقلارغا ئايلىنىپ، ئايىدا 3000 يۈەندىن ئارتۇق مائاش ئېلىشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە، سېخ مۇدىرى بولغان مەرھابا مۇنداق دېدى: «‹رۇيى›غا كېلىپ ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا تەلتۆكۈس ئۆزگىرىش بولدى».

مەرھابا يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ باغچى يېزىسى باغچى كەنتىدىن. 2014 ـ يىلى، ئۇنىڭ دادىسى تۇيۇقسىز ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان. «دادامنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن، ئائىلىمىزنىڭ بارلىق بىساتىنى خەجلەپ بولدۇق، يەنە ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك قەرز ئالدۇق» دېدى مەرھابا.

2017 ـ يىلى، شەندۇڭنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش كارخانىسى بولغان يېڭىشەھەر ناھىيەسى رۇيى پەن ـ تېخنىكا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى، مەرھابا تەكلىپ بىلەن زاۋۇتقا كىردى. ھازىر مەرھابا ئائىلىسى قەرزنى تولۇق قايتۇرۇپ بولدى، يېڭى ئۆي سالدى، نامرات ئائىلە قالپىقىنى ئۇزۇل ـ كېسىل چۆرۈپ تاشلىدى.

قەشقەر ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى، يېڭىشەھەر ناھىيەسى، يېڭىسار ناھىيەسى قاتارلىق ئۈچ جايدا ماكانلاشقان شەندۇڭ رۇيى گۇرۇھىنىڭ 800 مىڭ ئۇرچۇقلۇق توقۇمىچىلىق تۈرىدە، ھازىر 300 مىڭ ئۇرچۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، 2000غا يېقىن كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە 900 گە يېقىن بولۇپ، ئايلىق ئوتتۇرىچە مائاشى 3000 يۈەنگە يەتتى.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى. شەندۇڭ ئۆلكىسى «شەندۇڭنىڭ ئەۋزەل كەسىپلىرى بىلەن شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»نى تۈزۈپ، «يېزا ئىگىلىكىدىكى باشلامچى كارخانىلارنىڭ شىنجاڭ سەپىرى» «ئۆلكە باشقۇرۇشىدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭ سەپىرى» ۋە «100 شەندۇڭلۇق سودىگەرنىڭ شىنجاڭ سەپىرى» قاتارلىق يۈرۈشلۈك سودىگەر چاقىرىش پائالىيەتلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن تەشكىللەپ قانات يايدۇردى. ئۈچ يىلدا، مەبلەغ سېلىش كۆلىمى زور، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك 99 تۈرنى كىرگۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە، زوۋچېڭ گوشېڭ يېڭىسار ناھىيەسىدە يېڭىدىن 32 مىليون يۈرۈشلۈك كىيىم ـ كېچەك تۈرىنى يولغا قويۇپ، 3000دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، بۇ يىل ئىچىدە تۈرنىڭ ھەممىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، قەشقەر ھەتتا جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ئەڭ كۆپ تۈرتكە بولغان شىنجاڭغا ياردەم بېرىش يەككە تۈرىگە ئايلىنىدۇ.

مۇشۇ يىللاردا، شەندۇڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش بويىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ زوۋچېڭ گوشېڭ، جىنشېڭ توقۇمىچىلىقى، سېنما كىيىم ـ كېچەكچىلىكى قاتارلىق تۈرلەرنى كىرگۈزۈپ قەشقەر ۋىلايىتىدە ماكانلاشتۇرۇپ، شۇ جايىنى 15 مىڭدىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى.

### ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىش

ئاممىنىڭ ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىش

يېڭىسار ناھىيەسى شەھەر يېزىسى قازانچىئېرىق كەنتى جۇڭشىلىك پەلەيچىلىكى يېزا ـ كەنت زاۋۇتىدا، 29 ياشلىق پاتىمە روزىنىڭ خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا تۆت يىل بولدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدىلا ئىشلىسەم پۇل تاپالايدىكەنمەن ھەم ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدىكەنمەن، بەك ياخشى بولدى».

يېڭىسار ناھىيەسىدە ماكانلاشقان جۇڭشىلىك پەلەيچىلىك گۇرۇھى «باش شىتاب + يېزا ـ كەنت زاۋۇتى» ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەندىزىسى ئارقىلىق، يەنى باش شىتاب زاۋۇتى تەربىيەلەش ۋە زاكاز تالونى، خام ئەشيانى بىر تۇتاش تارقىتىش، مەھسۇلاتنى بىر تۇتاش يىغىۋېلىشقا مەسئۇل بولۇپ، يېزا ـ كەنتلەردە شۆبە زاۋۇت قۇرۇپ، خام ئەشيادىن پەلەي تىكتى. بىر يېزا ـ كەنت زاۋۇتى ئىككىدىن ئۈچكىچە كەنتكە تەسىر كۆرسىتىش، 100دىن ئارتۇق ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يىرىك پىلانىغا ئاساسەن، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ يېزا ـ كەنتلىرىدە 60 يېزا ـ كەنت زاۋۇتى قۇرۇپ، يىل بويى 2000 ئادەم ئىشلەتتى.

پاتىمە ئىلگىرى سىرتتا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلغان، ئەمما ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن، ئۆيگە قايتىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولغانىدى. زاۋۇت ئىشىكى ئالدىدىلا قۇرۇلۇپ، ئۇ يېزا ـ كەنت زاۋۇتىدا مۇقىم خىزمەتكە ئېرىشتى، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئالىدىغان مۇكاپاتلاش مېخانىزمى ئۇنىڭ غەيرىتىنى ئاشۇردى، «بۈگۈنكى كۈندە ئايىدا 2000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلالايمەن» دېدى پاتىمە.

شەندۇڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتە ئۆز ئالدىغا ياراتقان «باش شىتاب + يېزا ـ كەنت زاۋۇتى» ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەندىزىسى ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان تۆت ناھىيەدە تېز چېچەكلەپ مېۋە بەردى، زور بىر تۈركۈم كارخانا بەس ـ بەستە زاكاز تالونىنى ئېلىپ كەلدى. جۇڭشىلىك پەلەيچىلىكى، خەيياڭ كىيىم ـ كېچەكچى قاتارلىق ئەمگەك كۈچ جۈملەشكەن 60 نەچچە كارخانا 365 يېزا ـ كەنت زاۋۇتىنى يۈرۈشتۈرۈپ، 17 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە 8000 دىن ئاشتى.

بۈگۈنكى كۈندە، «باش شىتاب + يېزا ـ كەنت زاۋۇتى» ئەندىزىسى ئاساسىدا، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى يەنە «ناھىيە بازىرىدىكى كارخانا باش شىتابى — يېزا ـ بازار كىچىك، ئۇششاق كەسپلەر باغچىسى — كەنت ھەمراھ زاۋۇتى — ئائىلىۋى نامراتلارنى يۆلەش سېخى»دىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان، يۇقىرى ـ تۆۋەن تۇتاشقان كەسپلەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇلازىمەت سىستېمىسىدا يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايدىكى 30 مىڭدىن ئارتۇق ئاممىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە 10 مىڭدىن ئاشتى.

### ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىش

قەشقەرنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىچكىرى رايونلارنىڭ تاماق ئۈستىلىگە چىقىرىش

«مەن ئەمدى چىلاننىڭ سېتىلىش يولىدىن غەم قىلمايمەن، بۇ يىل چىلان چوقۇم ياخشى باھادا سېتىلىدۇ.» چىلانچى دېھقان ھەسەن مامۇت ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنىڭ بىزگە ئەمەلىي نەپ ئېلىپ كەلگەنلىكىگە رەھمەت».

ھەسەننىڭ چىلان سېتىشتىن غەم قىلماسلىقى شەندۇڭنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتىكى تۇنجى ئىجادىيىتى «چوڭ ئامبارنى شەرققە يۆتكەش» قۇرۇلۇشىدىن بولدى.

«قەشقەردىن جىنەنگىچە بولغان ئومۇمىي مۇساپە 4000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، بىر ئاپتوموبىل 30 توننا مالنى توشۇسا، ئەشيا ئوبوروتى تەننەرخى 20 مىڭ يۈەندىن 30 مىڭ يۈەنگىچە بولىدۇ.» شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى كەسىپ پىلانلاش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى مىڭ ۋېنئەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى «شىنجاڭدىن چىقىرىش قىيىن بولۇش» توغرىسىدا چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە.

«مەۋقەنى شەندۇڭغا قويۇپ، خۇادۇڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ‹چوڭ ئامبارنى شەرققە يۆتكەش› قۇرۇلۇشى قەشقەرنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، توشۇش، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش، سېتىشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇردى.» شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ باش قوماندانى ياڭ گوچياڭ مۇنداق دېدى: تور سىرتى، توردا بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشتىن پايدىلىنىپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە تۈرتكە بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ خاس مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يولىنى ئېچىپ، نامرات ئاممىنى كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈمىدىگە، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەنچىسىگە ئىگە قىلدۇق.

«چوڭ ئامبارنى شەرققە يۆتكەش» قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شەندۇڭ جىنەن، جىنىڭ، رىجاۋدا جەمئىي 30 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق چوڭ تىپتىكى ئۈچ يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرى قۇرۇلدى، يەنە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا جىنەن، رىجاۋ، تەيئەن، يەنتەي قاتارلىق جايلاردا سەككىز «قەشقەرنىڭ ياخشى تەمى» سۈپەتلىك ماركا مەخسۇس تىجارەت دۇكىنى ئېچىلىپ، چىلان، ياڭاق، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق جەمئىي 800 تونندىن ئارتۇق خاس مېۋە ـ چېۋە سېتىلدى.

شەندۇڭ ـ قەشقەر خاس يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى تەمىنلەش ـ سېتىش ئىتتىپاقىغا ئەزا ئورۇنلارمۇ دەسلەپكى 64تىن كۆپىيىپ 180گە يەتتى. بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ بېشىدا، «قەشقەرنىڭ ياخشى تەمى»نىڭ شەندۇڭلۇق ۋاكالەتچى سودىگەرلىرى قەشقەر، ئۈرۈمچىدىكى ئىككى مەيدان ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش يىغىنىدا 20گە يېقىن كارخانا بىلەن سودىدا كېلىشىمى ئىمزالىدى، سودىدا بويىچە ئامبارغا كىرگۈزۈلگەن مەھسۇلات 2600 تونندىن ئاشتى، سودىدىكى زاكاز تالون ئومۇمىي سوممىسى 110 مىليون يۈەنگە يەتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، «چوڭ ئامبار» باشلامچى، ئەمەلىي دۇكان ئاساسىي گەۋدە، توردا سېتىش تولۇقلىما قىلىنغان قەشقەر يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى تېز سۈرئەتتە سىرتقا سېتىش تورى شەكىللىنىپ، قەشقەر دېھقانلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تېخىمۇ كۆپ پايدا ئېلىپ كەلدى.

# ھەقىقىي مەسىلىنى تېپىش مەسىلىنى ھەقىقىي تۈزىتىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەركەزلىك ئۆگىنىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مۇھاكىمە قىلىش، پىكىر ـ تەكلىپ توپلاش، قىيىنچىلىق، ئەرز ـ شىكايەتلەرنى رەتلەش... بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «تۆتكە سېلىشتۇرۇش» «تۆتنى تېپىش» تەلىپى بويىچە، ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچقا خىلاپ تۆرلۈك مەسىلىلەرگە قارىتا «تېگى ـ تەكتىدىن تەكشۈرۈش» ئېلىپ بېرىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى، سىياسىي قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھالدا چوڭ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى. كەڭ كۆلەمدە پىكىرلەرنى ئاڭلاپ، ئايرىم سۆھبەتلىشىش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، پىكىر ساندۇقى تەسىس قىلىش، ئائىلە زىيارىتى قىلىش، پىكىر ئېلىش جەدۋىلى تارقىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خىزمەت، مۇلازىمەت ئوبيېكتى، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى، ئاممىنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى تولۇق ئاڭلاپ، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىشنى بىرتۇتاش ئالغا سىلجىتىپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى دەل نىشان بىلەن تەمىنلىدى.

تۇرپان شەھىرى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش داۋامىدا، نۇقتىلىق ھالدا «8 + 2» مەخسۇس تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىش ۋە «1 + 3 + 3» خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ پەرقلەرنى تېپىش، تىزىملىك تۇرغۇزۇش، تۈزىتىشنى تۇتۇشنى ياخشى قىلىشنى چۆرىدەپ، مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك، خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ھەم گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ياخشى ھەل قىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كەسپىي مائارىپ مەكتىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوقۇش ـ ئوقۇتۇشنى ياخشىلاش، مەكتەپنىڭ ئىچكى ماھىيەتلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان كەمتۈكلۈكلەر، ئاجىز تۈرلەرنى تېپىپ چىقىپ، يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قويۇپ، مەسىلىنى تېپىپ چىقىپ، تۈگۈنى تېپىپ چىقىپ، تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۇرمۇتۇر كۆزلەپ تۈزەتتى، ئەمەلىيلەشتۈردى.

### ■ مەسىلىنى ھەقىقىي تۈزىتىش كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش

مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش داۋامىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئالىي مەكتەپلەر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىگە ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا سېلىشتۇرۇپ، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى ئارزۇسىغا سېلىشتۇرۇپ، ئىلغار تىپلار، يېنىدىكى ئۈلگىلەرگە سېلىشتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپتىن تۈزەتتى، بىلگەن ھامان تۈزەتتى.

«بىز تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ چىققان مەسىلىلەرگە قارىتا تۈر شەكلىدە باشقۇرۇشنى قوللىنىپ، تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈشنى يولغا قويۇپ، مەسئۇلىيەت، ۋاقىت چېكى ۋە تەدبىرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىر ـ بىرلەپ تۇتتۇق. نۆۋەتتە، چۆچەك شەھىرىنىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى يول قۇرۇلۇشى، چېيىنياۋخۇ كۆلى، ئۇلاستاي دەرياسى يولىنى تۈزەش تۈرى يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ، ئامما باش تېما تەربىيەسى ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى ھەقىقىي ھېس قىلدى» دېدى چۆچەك شەھەرلىك تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى لى يۈگۈي.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى نۇرغۇن كۆزنەك ئورۇن بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، ئىدىيەۋى مەسىلىلەر تىزىملىكى، خىزمەت مەسىلىلىرى تىزىملىكىگە سېلىشتۇرۇپ بىر ـ بىرلەپ تۈزەتتى، ئۆچۈردى. غۇلجا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتى ئاپتوموبىل باشقۇرۇش ئورنى باش تېما تەربىيەسىدە تەكشۈرۈپ كۆزىتىلگەن مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، كۆزنەك مۇلازىمىتىنى چىڭ تۇتۇپ «بىر قېتىمدىلا بېجىرىش، دەرھال بېجىرىش»نى ئىشقا ئاشۇردى. ماتېرىيال ئىلتىماس قىلىشتا تۆتنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش، 18 تۈرلۈك كەسپنى «بىر كىنىشكىلا بېجىرىش»، ئادەتتىكى كەسپلەرنى «بىر كۆزنەكتە ھەممىنى بېجىرىش» قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ۋە تەرتىپ باشقۇرۇشنى ئەلالاشتۇردى. ئامما بىر قېتىملا ئۆچىرەتتە تۇرۇپ، بىر كۆزنەكتە بارلىق كەسپلەرنى بېجىرەلەيدىغان بولدى.

ئىلى سفەن داشۆسى پارتكومى باش تېما تەربىيەسىنىڭ نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، «ئۈچنى تەتبىقلاش»تا چىڭ تۇرۇپ، بىرمۇبىر مەسىلە تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، نىشان بەلگىلەپ جەڭ قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئالتە تۈرلۈك كونكرېت مەسىلىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، چىن قەلبى، چىن ھېسسىياتى، پۈتۈن كۈچى بىلەن 191 ئەمەلىي ئىشنى ياخشى قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

**(مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، شيا چىڭ، جاۋ شىيا، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ليۇ ۋېنخۇا، جاڭ پېيچى، ياڭ ۋېنخاۋ، خەن شاشا، سۇن جىڭ يازغان)**

# ئاپتونوم رايونىمىز ئاقىل ساياھەت سۈپىتى بەرپا قىلىشنى تېزلەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چوڭ سانلىق مەلۇمات ئانالىز قىلىش، ساياھەت مەھسۇلاتلىرى بەرپا قىلىش، ساياھەتنى يېشىل راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، «شىنجاڭ ياخشى جاي» سۈپەتلىك ماركىسىنى بەرپا قىلىشقا كۈچ قوشىدۇ.

ھازىر، ئۈرۈمچى، ئالتاي، تۇرپان، قەشقەر، قاراماي قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەرلەردە ئاقىل ساياھەت سۈپىتى دەسلەپكى قەدەمدە كۆلەملىشىپ، باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت جەھەتتە پائال رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

ھەرقايسى جايلار چوڭ سانلىق مەلۇماتقا تايىنىپ ئاقىل ساياھەت سۈپىتى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ساياھەتچىلەرنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق، ئادەمىيلىككە ئىگە، كۆپ خىللاشقان مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى.

سايرام كۆلى مەنزىرە رايونى «بىر يان تېلېفون بىلەنلا سايرام كۆلىنى ساياھەت قىلىش» ئاقىل ساياھەت APPسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، ساياھەتچىلەر APP ئارقىلىق «داڭلىق چۈشەندۈرگۈچى»نى مەنزىرە رايونىدا ساياھەت يېتەكچىسى بولۇشقا تەكلىپ قىلسا بولىدۇ ھەم APPنىڭ «سكانىرلاش» ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ كۆل ئەتراپىدىكى ياۋا گۈللەرنى پەرقلەندۈرۈپ، ياۋا گۈلنىڭ ئىسمى ۋە ئالاھىدىلىكىنى بىلەلەيدۇ.

«بىز ئاچقان مەنزىرە رايونىدا قوللىنىلىدىغان يۇمشاق دېتال سايرام كۆلى مەنزىرە رايونىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ ئىشلىتىش ئادىتىگە ئاساسەن، چوڭ سانلىق مەلۇماتقا ئاساسەن ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئەقلىي ئىقتىدارلىق سەپەردە ‹بىرلا چېكىپ ئۇلاش›نى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.» APPنى ئاچقۇچى تەرەپ چېڭدۇ جۇڭكې داچې يۇمشاق دېتال پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى جاڭ شياڭشۇ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يۇمشاق دېتالنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇش ئارقىلىق، ساياھەتچىلەر ئاقىل ساياھەت قىلىش، مەنزىرە رايونىنى ئاقىل باشقۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

تىيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىدا، ساياھەتچىلەر چىراي پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق مەنزىرە رايونىغا كىرسە بولىدۇ، ئاددىي ھەم قولاي. يېڭى بېلەت سېتىش، تەكشۈرۈش سىستېمىسى ساياھەتچىلەرنىڭ بېلەت سېتىش زالىدىكى بېلەت ئېلىش ۋاقتىنى قىسقارتىپ، دەل جايىدىكى ماركېتنىڭ ۋە ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەشنى سانلىق مەلۇمات تىرىكىگە ئىگە قىلدى. ساياھەتچىلەر يان تېلېفون بىلەن ئۈندىدار ياكى چىقمىداندا سكانىرلاش ئارقىلا مەنزىرە رايونىنىڭ ئىشىك بېلىتى ۋە ئارىلىق ئاپتوموبىل بېلىتىنى تاللاپ سېتىۋالالايدۇ، كىملىكنى قويۇپلا بېلەتنى تەكشۈرتۈپ مەنزىرە رايونىغا كىرەلەيدۇ. ساياھەتچىلەر ئۆچىرەتتە تۇرۇپ بېلەت سېتىۋالىدىغان ھالقا قىسقىراپ، ھەم ساياھەتچىلەرگە قولاي، تېز بولغان پۈتۈنلەي يېڭىچە ساياھەت تۇيغۇسى بەردى، ھەم مەنزىرە رايونىنىڭ بېلەت سېتىش، تەكشۈرۈش ۋە ساياھەتچىلەرنى باشقۇرۇش بېسىمىنى يېنىكلەتتى.

«شىنجاڭ ئاقىل ساياھەت 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى پىلان لايىھەسى» بويىچە، 2020 ـ يىلىدىكى ساياھەت ئاۋات پەسلى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، چوڭ سانلىق مەلۇمات مەركىزى ھەم باشقۇرۇش سۇپىسىنى يۈرۈشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. شۇ چاغدا، ساياھەتچىلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ساياھەت قىلىشى تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، قولاي بولىدۇ.